# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 5 ـ ئاي

28

سەيشەنبە

维吾尔文 5月28日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65−0002/−W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24709 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


### مەركىزىي كومىتېت بەنگوڭتىڭى

# «كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ـ تەيىنلەش خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش چارىسى»نى بېسىپ تارقاتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگوڭتىڭى «كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ـ تەيىنلەش خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش چارىسى»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن شۇ بويىچە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى

# ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئۆدا جەڭ قىلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قەتئىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

### چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن قاتناشتى

مۇخبىرىمىز ياۋ تۇڭ خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۆگىنىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، جاڭ چۇنلىن، پېڭ جياروي قاتارلىقلار قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ قېتىمقى كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى. يىغىندىن ئىلگىرى، يىغىنغا قاتنىشىدىغان يولداشلار ئۆزلۈكىدىن ئەستايىدىل ئۆگىنىش قىلدى. يىغىندا، جى جېڭ، جاڭ چۇنلىن ھەم ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدىكى مەسئۇل يولداشلار ئۆگىنىش تەسىراتلىرىنى ئالماشتۇردى.

چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلىپ سۆز قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بىزنىڭ قەتئىي، كەسكىن تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان تۈپ مىزان ۋە قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورال. ھازىر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جەڭدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ قورغاننى ئالىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە كىردى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# «پەن ـ تېخنىكا +» ئەندىزىسى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشىدۇ

### 2020 ـ يىلىغا بارغاندا ئاپتونوم رايونىمىزدا 10 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئاھالە پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ

مۇخبىرىمىز شې خۇيبىيەننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 2017 ـ يىلدىن ھازىرغىچە، ئاپتونوم رايونىمىز نامرات ناھىيە(شەھەر)لەردە ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ ئېچىش، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش مەخسۇس تۈرى، پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىلى نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق 150 نەچچە تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا پىلانى تۈرىنى يولغا قويۇپ، جەمئىي 150 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالغان. «پەن ـ تېخنىكا+ تۈر» «پەن ـ تېخنىكا+ ئىختىساسلىقلار» «پەن ـ تېخنىكا+ مۇلازىمەت» قاتارلىق ئەندىزىلەرگە تايىنىپ، نامرات رايونلاردا ئۆزگىچە، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئەشيا ئوبوروتى كەسپى، يېزا ـ كەنت ساياھىتى، ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىقلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 2020 ـ يىلىغا بارغاندا 10 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئاھالىنى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلىغان.

كەسىپنى ئاساس قىلىش، پەن ـ تېخنىكىنى تىرەك قىلىش، ئادەمگىچە، ئائىلىلەرگىچە دەل جايىدا بولۇش ئىدىيەسى بويىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنى باشقۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىن ئاچتى

مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈكنى يېنىكلىتىش خىزمىتى، 2019 ـ يىللىق يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈكنى يېنىكلىتىش ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيالىزمنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلگەن قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### سىياسەت «بىرىكمە مۇشت»ى ئىگىلىك تىكلەش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى

# ئالدىنقى تۆت ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭىدىن 22 مىڭ 600 ئىگىلىك تىكلىگۈچى كۆپەيدى

مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا خەۋەر قىلىدۇ: «ئاڭلىشىمچە ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇل سوممىسى ئۆستۈرۈلۈپتۇ، شەخسلەرنىڭ قەرز ئېلىش سوممىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپتۇ، بۇ مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر خۇش خەۋەر» دېدى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، سانجى كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېڭىلىق يارىتىش ـ ئىگىلىك تىكلەش يېتىشتۈرۈش بازىسى يۈگۈڭفاڭ خىزمەتخانىسىنىڭ مەسئۇلى جاڭ مىڭشۈەن.

جاڭ مىڭشۈەن سانجى كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، گەرچە مەكتەپ پۈتكۈزۈشكە يەنە بىر يىل بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەكتەپتە ئاز ـ تولا نام چىقىرىپ قالغانىدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونىمىز باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى

# باج تاپشۇرغۇچىلار سىياسەت پايدىسىدىن ھەقىقىي بەھرىلەندى

مۇخبىرىمىز خېي خۇڭۋېينىڭ ئاپتونوم رايون ئاچقان باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىشكە مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز بىر قاتار باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسەتلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈنۈملۈك قوزغىتىپ، كارخانا ۋە باج تاپشۇرغۇچىلارنى سىياسەت پايدىسىدىن ھەقىقىي بەھرىلەندۈرگەن.

باجنى كېمەيتىش جەھەتتە، بىرىنچى پەسىلدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق سىياسىتى بويىچە ئازايغان بېجى 596 مىليون يۈەن، شەخسلەر تاپاۋەت بېجىدا مەخسۇس قوشۇمچە تۇتۇپ قېلىش سىياسىتى بويىچە ئازايغان باج 139 مىليون يۈەن، قوشۇلما قىممەت بېجى باج نىسبىتى تەڭشىلىپ ئازايغان باج 1 مىليارد 455 مىليون يۈەن بولدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)


شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سىيى

新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP





# قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئىناق يۇرت ـ ماكاننى ئورتاق قۇرۇپ چىقىش

**[ئىلاۋە]**

2014 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە، مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىندا مۇنۇلار ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكتىن ئىبارەت بۇ باش نىشاننى چۆرىدەپ، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى يېتەكچى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئاساس، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ يامرىشىنى توسۇش قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاق ـ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي ـ ئالغا باسقان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان سوتسىيالىستىك شىنجاڭنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.» بەش يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلار يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولدى. بۈگۈندىن باشلاپ گېزىتىمىزدە «جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن بەش يىلدا ــ مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقى» مەخسۇس ئىستونى تەسىس قىلىنىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى نامايان قىلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانى. جەزمەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشنى نۆۋەتتىكى كۈرەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاۋامنى مۇداپىئە كۆرۈش، ئاۋامنى تۈزەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ئىقتىدارىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، پولات سېپىل قۇرۇش، ئاسماندا تور، يەردە قاپقان قۇرۇش كېرەك.

ــ شى جىنپىڭ

□مۇخبىرلىرىمىز لى ياڭ، جاڭ يۈنمېي

5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى «جۇڭگو ساياھەت كۈنى»، شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا قەشقەر قەدىمىي شەھىرى مەنزىرە رايونىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدا خىزمەتچى خادىملار چىرايلىق كىيىنىپ شەھەرگە كىرىش مۇراسىمىنى باشلىدى، ئېسىل مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرى ساياھەتچىلەرنى ئىختىيارسىز قەدىمىي توختىتىپ كۆرۈشكە جەلپ قىلدى. خۇشال مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، ساياھەتچىلەر ئاھالىلەر بىلەن ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى، ئاندىن ئۇلار بىرلىكتە قەدىمىي شەھەرگە كىردى. مىغ ـ مىغ ساياھەتچىلەر، قىزغىن تىجارەتچىلەر، بۇلارنىڭ ھەممىسى تېخىمۇ قايناق ساياھەت پەسلىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدە «شىددەتلىك» ئېشىش بارلىققا كەلدى. ئادەملەر كۆپەيدى، ئىشەنچ ئاشتى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ كۈچەيدى، ھەربىر گۇرۇپپا يۇقىرىغا ئۆرلەش ئىستىرىلكىسى شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇۋاتقانلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىزاھاتى بولۇپ قالدى.

**مۇقىملىق پايدىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى راۋاجلاندۇردى**

قەشقەر قەدىمىي شەھىرى مەنزىرە رايونىدىكى بىر ياغاچ جابدۇق دۇكىنىدا، دۇكان ئىگىسى ئوسمانجان ھۆسەن ئەتىگەندىلا دۇكىنىنى پاكىز تازىلاپ، تىجارەت باشلىماقچى بولۇۋاتاتتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



شىنجېندىن كەلگەن ساياھەتچىلەر قەشقەر شەھىرىدىكى بىر قول ھۈنەر بۇيۇملىرى دۇكىنىدا تاۋارلارنى تاللاپ سېتىۋالماقتا (5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تارتىلغان). □مۇخبىرىمىز شې لۇڭ فوتوسى